بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى
## 4- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار
## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

الله تعالى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىشنى الله قا بولغان مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۞ قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر> [31]. ئېيتقىنكى: <الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار>. ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، الله كاپىرلارنى (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ [32]» (سۈرە ئال ئىمران 31-، 32- ئايەتلەر).

شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەف سالىھىنلار تالاش - تارتىش قىلغان چاغدا مۇراجىئەت قىلىدىغان مەنبەسى الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتى بولدى، خۇددى الله تعالى ئېيتقاندەك: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر» (سۈرە نىسا 59- ئايەت).

سوئال: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى سەلەفنىڭ ئەۋزەل كىشىلىرى كىملەر؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى سەلەفنىڭ ئەۋزەل كىشىلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى پەيغەمبەر ﷺ دىن راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن، ئىلىم ۋە ئەمەل بىلەن ئالغان ساھابە كىراملاردۇر (الله تعالى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!).

الله تعالى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ «مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق» (سۈرە ئەھزاب 23- ئايەت).

ئاندىن ساھابىلەردىن كېيىنكى سەلەفنىڭ ئەۋزەل كىشىلىرى بولسا، ساھابىلەرگە راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلاردۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ساھابىلىرىمنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئاندىن ساھابىلەردىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئاندىن تابىئىنلاردىن كېيىن كەلگەن تەبئى تابىئىنلارنى تەۋسىيە قىلىمەن» (تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ئەسرىمدىكى كىشىلەر، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشىپ كەلگەنلەر، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشىپ كەلگەنلەردۇر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابە ۋە تابىئىنلار باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا بۇ ئۈممەتنىڭ ئەگىشىشكە ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىلەردۇر چۈنكى ئۇلار ئۆز ئىمانىدا راستچىل ۋە ئىبادەتلىرىدە ئىخلاسمەن بولغان كىشىلەردۇر؛ ئەقىدىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدۇر ۋە شەرىئەتنىڭ ھىمايىچىلىرىدۇركى، شەرىئەتكە سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە تەڭ ئەمەل قىلغۇچىلاردۇر؛ شەرىئەتكە ھەققىي ۋە راستچىللىق بىلەن ئاساسلانغۇچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تعالى ئۆزىنىڭ دىنىنى تارقىتىشقا، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ شەرىئىتىنى بارلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە ساھابە ۋە تابىئىنلارنى تاللىغاندۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىر پىرقىدىن باشقا ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ> دېدى. مەن: <قۇتۇلىدىغان بىر پىرقە قايسى؟> دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ جاۋاب بېرىپ: <ئۇ بىر پىرقە بولسا مەن ۋە مېنىڭ ساھابىلىرىم تۇتۇپ ماڭغان يولغا ئەگەشكەنلەردۇر> دېدى» (تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

## سۈرە ئەنفال تەپسىرى

ھەقىقەت مۇستەھكەم، بۇزۇلماس قورغان،
قورغاننىڭ تۈۋرۈكى شۇ ئۇلۇغ قۇرئان.
قۇرئاننىڭ تەفسىرى ئىچىگە كىرسەڭ،
كۆز ئالدىڭ ۋىللىدە يورۇيدۇ شۇئان.

سۈرە ئەنفال مەدىنىدە نازىل بولغان بولۇپ، 75 ئايەتتىن، 1631 كەلىمىدىن، 5294 ھەرىپتىن تەركىب تاپقان.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْأَنْفَالِ قُلِ الْأَنْفَالُ لِلَّهِ وَالرَّسُولِ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَصْلِحُوا ذَاتَ بَيْنِكُمْ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن غەنىيمەت توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى: <غەنىيمەت الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر. الله تىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار>» (سۈرە ئەنفال 1- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى: سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه: «بەدر كۈنى قېرىندىشىم ئۇمەير شەھىد قىلىندى. مەن سەئىد ئىبنى ئاسنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ئاندىن ئۇنىڭ قىلىچىنى ئالدىم. ئۇ قىلىچ <كەتىڭ بىسلىق قىلىچ> دەپ ئاتىلاتتى. مەن ئۇ قىلىچنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئۇنى ئاپىرىپ ئالغان ئورنىغا قويۇپ قوي! — دېدى. ئاندىن مەن قېرىندىشىمنىڭ شەھىد بولۇشى ۋە ئولجامنىڭ ئېلىۋېلىنغانلىقىدىن ئىبارەت الله تىن باشقىسى بىلمەيدىغان مۇسىبەت بىلەن قايتتىم. مەن يىراققا بارمايلا بۇ ئايەت نازىل بوپتۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ماڭ! بېرىپ ئولجاڭنى ئالغىن! — دېدى» دەيدۇ.

«ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دە ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە چىقتۇق. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بەدرگە قاتناشتىم، ئاندىن قوشۇنلار ئۇچراشتى. الله دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار دۈشمەننى قوغلاش، ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ كەينىدىن كېتىپ قالدى. يەنە بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار غەنىيمەتنى يىغىپ توپلاش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا قايتتى. يەنە بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىسۇن ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ھىمايە قىلدى. كەچ كىرىپ مۇسۇلمانلار توپلانغان ۋاقىتتا، غەنىيمەت توپلىغان كىشىلەر:

— غەنىيمەتنى بىز توپلىدۇق، باشقىلارنىڭ ھەققى يوق — دېيىشتى. دۈشمەننى قوغلاپ چىققان كىشىلەر:

— بىز دۈشمەنلەرنى بۇ غەنىيمەتلەردىن توستۇق ۋە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدۇق. سىلەر ئۇ غەنىيمەتكە بىزدىنمۇ بەكرەك ھەقلىق ئەمەس — دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھىمايە قىلغان كىشىلەر:

— سىلەر بۇ غەنىيمەتكە بىزدىن بەكرەك ھەقلىق ئەمەس. دۈشمەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ بىرەر خەۋپ يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداش بىلەن مەشغۇل بولدۇق — دېيىشىپ تالاش - تارتىش قىلىشتى. ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ غەنىيمەتلەرنى الله كۆرسەتكەن بويىچە تەقسىم قىلدى».

يەنە بىر سەۋەبى ھەققىدە مۇھەممەد ئەلى سابۇنى ئۆزىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق كىتابىدا ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت بىز غەنىيمەتنى تەقسىم قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ ئەخلاقىمىز بۇزۇلغان ۋاقىتتا بىزنىڭ ھەققىمىزدە نازىل بولغان. ئاندىن الله تبارك وتعالى بىزنىڭ قولىمىزدىن بۇ غەنىيمەتنى تارتىۋېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خاس قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ غەنىيمەتلەرنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلغان».

مانا بۇ ئارقىلىق جىھادنى الله ئۈچۈن خاس قىلىش، الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش، ئارىنى ئىسلاھ قىلىش رېئاللىققا چىققان.

### ئايەتنىڭ خۇلاسە تەپسىرى

«ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق كىتابتا بۇ ئايەت مۇنداق تەپسىر قىلىنغان: [الله تبارك وتعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئۇلار (ئەسھابلىرىڭ) سەندىن غەنىيمەت توغرۇلۇق (يەنى مۇشرىكلار بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا يۈز بەرگەن تۇنجى جەڭدە غەنىيمەت ئالغان بەدر غەنىيمەتلىرى ھەققىدە: <بۇ كىملەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ؟ بۇ غەنىيمەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟ قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟> دەپ) سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى: <بۇ غەنىيمەت الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر (يەنى بۇ غەنىيمەتتە الله ئۆز ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭ قانۇنى بويىچە تەقسىم قىلىدۇ). الله تىن قورقۇڭلار>». يەنى ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. غەنىيمەت ھەققىدە دەتالاش قىلىشماڭلار چۈنكى مۇنداق قىلىش الله نىڭ سىلەرگە غەزەپلىنىشىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ ۋە سىلەرنى دۈشمىنىڭلار ئالدىدا ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئىختىلاپ قىلىشىشىڭلار، غەنىيمەتنىڭ سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرگە ھارام قىلىنغىنىدەك سىلەرگىمۇ ھارام قىلىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن غەنىيمەتلەر سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ھارام ئىدى. ئاندىن الله بۇ غەنىيمەتنى مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۈممىتىگە رەھمەت قىلىش ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش يۈزىسىدىن، ئۆز يولىدىكى جىھادقا كۈچ - قۇۋۋەت قىلىپ ھالال قىلىپ بەرگەن. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا غەنىيمەتلەر ھالال قىلىندى، مەندىن ئىلگىرى بىرەر كىشىگە ھالال قىلىنمىغان».

«الله تىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار» دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى — يەنى بارچە ئىشىڭلاردا الله تىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار، ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، جېدەل قىلىشماڭلار. الله سىلەرگە ئاتا قىلغان ھىدايەت ۋە ئىلىم — سىلەر ئىختىلاپلاشقان بارچە نەرسىدىن ياخشىدۇر].

بۇ ھەقتە ئەنەس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۈلۈپ ئوتتۇرا چىشى ئاشكارا بولغانلىقىنى كۆردۇق. ئاندىن ئۆمەر رضي الله عنه:

— ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاتا - ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، نېمىگە كۈلدىلا؟ — دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئىككى ئادەم رەب تبارك وتعالى نىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئىككىسىنىڭ بىرى:

— ئى رەببىم! قېرىندىشىمدىن زۇلمىمنى ئېلىپ بەرگىن — دېدى. الله تبارك وتعالى زۇلۇم قىلغۇچىغا: <قېرىندىشىڭغا زۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر!> دېدى. زۇلۇم قىلغۇچى:

— ئى رەببىم! مېنىڭ ھېچقانداق ياخشىلىقىم قالمىدى — دېگەندى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى:

— ئۇنداقتا مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كۆتۈرسۇن! — دېدى».

ئەنەس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: [رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، ئاندىن: «ئۇ كاتتا بىر كۈندۇر، بۇ كۈندە ئىنسانلار گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئۇ كۈندە باشقىلاردىن ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچىغا الله تعالى: <بېشىڭنى كۆتۈر! جەننەتلەرگە قارا!> دەيدۇ. ئاندىن بۇ كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ: <ئى رەببىم! كۈمۈشتىن سېلىنغان شەھەرلەرنى، ئالتۇندىن سېلىنغان ۋە مەرۋايىتلاردىن بېزەلگەن قەسىرلەرنى كۆرۈۋاتىمەن. بۇ قايسى پەيغەمبەرنىڭ؟ بۇ قايسى سىددىقنىڭ؟ بۇ قايسى شەھىدنىڭ؟> دەيدۇ. الله: <كىم ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلىسە بۇ شۇنىڭ> دەيدۇ. ئۇ كىشى: <بۇنىڭ پۇلىغا كىممۇ قادىر بولالايدۇ؟> دېگەندە، الله: <سەن قادىر بولالايسەن> دەيدۇ. ئۇ كىشى: <مەن قانداقمۇ قادىر بولالايمەن؟!> دېگەندە، الله: <سەن قېرىندىشىڭدىن ئەپۇ قىلىۋەتسەڭ> دەيدۇ. ئۇ كىشى: <ئى رەببىم! قېرىندىشىمدىن ئۆتتۈۋەتتىم> دەيدۇ. الله: <قېرىندىشىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ جەننەتكە بىرلىكتە كىر!> دەيدۇ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله تىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ، «شەك - شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەرنى قىيامەت كۈنىدە ئىسلاھ قىلىدۇ» دېدى].








(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەگەر يارا يۈزىگە ھەر خىل سىرتقى كېرەكسىز نەرسىلەر چاپلىشىپ قالغان بولسا، ئاۋۋال يارا يۈزىنى پوۋىدون[1] (Poyoden) ياكى تۇز سۈيى[2] بىلەن تېزلىكتە يۇيۇپ پاكىزلايمىز. ئەگەر يارا يۈزى پاكىز بولسا، تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بويىچە يارىلانغان كىشىگە تېببىي ياردەم كۆرسىتىمىز:

① قىل قان تومۇرلاردىن قان تەپچىۋاتقان يارا يۈزىگە جېلاتىن بۇلۇتى[3] ئىشلىتىش بىلەن قان توختىتىمىز. جېلاتىن بۇلۇتىدا نۇرغۇنلىغان تەرتىپسىز تۆشۈكچىلەر بار بولۇپ، قان سۈيۇقلۇقى بۇ كاۋاكچىلارغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، قان پىلاستىنكىلىرى[4] تېز سۈرئەتتە بۇزۇلۇپ، قاننىڭ ئۇيۇشۇشىنى تېزلىتىدۇ. نەتىجىدە تېزلا قان توختايدۇ. قىل قان تومۇرلار ئۈچۈن نېپىز جېلاتىن بۇلۇتى ئىشلىتىمىز. بۇنى چاپلىغاندا، ئاۋۋال يارا يۈزىگە جېلاتىن بۇلۇتىنى قويۇپ يېپىشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن تېببىي پىلاستىر بىلەن مۇقىملاشتۇرىمىز. جېلاتىن بۇلۇتى بىۋاستە يارا يۈزىگە قويۇلۇشى كېرەك، بۇنى يۇقۇملانغان كونا يارىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئارىلاش قوللىنىلماسلىقى لازىم.

② جېلاتىننىڭ ئورنىغا ترومبوپلاستىن ئۇكولى[5] نى (Throm boplas tinum) تېببىي داكىغا سىڭدۈرۈپ، قىل قان تومۇرلاردىن قان تەپچىۋاتقان يارا يۈزىگە تاڭساقمۇ بولىدۇ (بۇ ئۇكول ئادەتتە 2mL لىق ۋە 5mL لىق كېلىدۇ). دورىلىق داكىنىڭ ئۈستىنى پاكىزە يالتىراق بىلەن يېپىپ، پىلاستىر بىلەن مۇقىملاشتۇرىمىز. بۇ ئۇكولنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال چايقىۋېتىمىز






(جېلاتىن بۇلۇتى)

ياكى قىل قان تومۇرلاردىن قان تەپچىۋاتقان يارا يۈزىگە ترومبىن پاراشوكىنى[6] (Throm base) ئۇن ھالىتىدە سېپىمىز، قاننىڭ سىرغىپ چىقىشى دەرھال توختايدۇ.

③ ياكى پامبا ئۇكولى[7] (Acidum Benzoicum paraaminomethyl)، گىليۇكوزا سۈيۇقلۇقى[8] ياكى 0.9% لىك تۇز سۈيىدە ئېرىتىلىپ، تومۇرغا ئاستا ھالەتتە كىرگۈزۈلىدۇ. چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 10mL دىن 20mL غىچە كۈندە ئۈچ ۋاخ، باللارغا 10mL دىن ئىككى ۋاخ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇكول ئادەتتە 10mL لىق ۋە 5mL لىق كېلىدۇ. قان توختاش مەيدانىغا كەلگەن ھامان ئۇكول ئىشلىتىش توختىتىلىدۇ.

④ ئەگەر يېنىمىزدا يۇقىرىقى دورىلار بولمىسا پاكىز پاختا، پاكىز ساپ پاختا داكىسى ياكى پاكىز ساپ رەڭسىز پاختا رەخت، پاكىز قومۇش ياكى پاكىز بورا، پاكىز، قۇرۇق، تاتلىق ئوت - چۆپلەرنى پاكىز نەرسە ئۈستىدە كۆيدۈرۈپ، كۈلى سوۋۇغان ھامان يارا ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ، بارماق بىلەن يەڭگىل ئىزىپ يارا يۈزىگە يېپىتىمىز. بۇلارمۇ تېپىلمىسا ياكى تەييار بوپ قالسا پاكىز، يۇمشاق ئوتۇن كۈلىنى يارا ئۈستىگە سېپىمىز، ئۇنىدىن كېيىن يارا يۈزىگە چېقىلماي كۈتىمىز. بۇنى قىلغىنىمىزدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۈللەر يارا يۈزىدىكى قان بىلەن ئۇيۇشۇپ قان توختايدۇ.

⑤ ئاندىن يۇقىرىقى باسقۇچنى تاماملاپلا يارىدارغا ئاناتوكسىن ئۇكولىدىن[9] (anatoxin-a) مۇسكۇلغا بىر قېتىم 2mL ئۇرىمىز. ئەگەر ھاۋا نورمال ياكى ئىسسىق ۋاقىتلار بولسا يارا تېڭىلمايدۇ. سوغۇق ۋاقىتلار بولسا يارىدار ئىسسىقراق كىيىنىش ياكى يارىلانغان جاينىڭ ئۈستىنى قېلىنراق نەرسە بىلەن ئوراش ئارقىلىق يارىغا سوغۇق ئۆتۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن قىل قان تومۇرلاردىن قان كەتكەندە كۆرسىتىدىغان بىرىنچى تېببىي ياردەم ئاياغلاشقان بولىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

ئىزاھات: ① Poyoden — باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغ ئۆلتۈرۈش تەسىرى ياخشى بولغان دېزىنفېكسىيە سۈيۇقلۇقى. تەركىبىدە ئىسپىرت ۋە يود بار.

② تۇز سۈيى — تەركىبىدە 0.35%~0.95% گىچە ئاز تۇزى بولغان ئېرىتمە. ئوسموسلۇق بېسىمى قان سۈيۇقلۇقىنىڭ ئوسموسلۇق بېسىمى بىلەن ئوخشاش. تىبابەتتە بەدەن سۈيۇقلۇقىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئاسما قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

③ جېلاتىن بۇلۇتى — خىتايچە 明胶海绵، ئىنگلىزچە Absorbable Gelatin Sponge دېيىلىدۇ.

④ قان پىلاستىنكىلىرى — قان سۈيۇقلۇقىنىڭ تەركىبى قىسىملىرىدىن بىرى. قان دانچىسىدىن كىچىك، شەكلى رەتسىز. تەركىبىدە قاننىڭ قېتىشىشىغا ياردەم بېرىدىغان ماددا — ترومبوكىنازا بار.

⑤ ترومبوپلاستىن ئۇكولى — ترومبوگېننى ترومبىنغا ئايلاندۇرۇپ، قاننىڭ ئۇيۇشىنى تېزلىتىدۇ. تومۇرغا قەتئىي ئۇرۇشقا بولمايدۇ.

⑥ ترومبىن پاراشوكى — خېبرىنوگېننى خېبرىنغا ئايلاندۇرۇپ، قاننىڭ ئۇيۇشىنى تېزلىتىدۇ. قىل قان تومۇردىن قان كېتىشكىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قالغان قان كېتىشلەرگە ئۈنۈمى بولمايدۇ. سۇدا ئېرىمەيدۇ. 2℃~8℃ قىچە بولغان تېمپېراتۇرىدا ساقلىنىدۇ. ئۇكول قىلىپ ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھەر قېتىمدا چوڭ - كىچىك ھەر قانداق ئادەمگە ئوخشاش مىقداردا 1000u-2000u گىچە ئىشلىتىلىدۇ.

⑦ پامبا ئۇكولى — پەقەت قىل قان تومۇرلاردىن قان كېتىشكىلا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، قالغان قان كېتىشلەرگە ئۈنۈمى بولمايدۇ.

⑧ گىليۇكوزا سۈيۇقلۇقى — قەنت ئائىلىسىدىكى تەمى تاتلىق، ئۈزۈملۈق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، جانلىقلار ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان بىر خىل بىرىكمە ماددا. ئۇ ھەسەلنىڭ ئاساسىي تەركىبى قىسمى. ئادەتتە قۇۋۋەت دورىسى قىلىپ قوللىنىلىدۇ. گىليۇكوزا سۈيۇقلۇقى ئادەتتە 5% گىچە قويۇقلۇقتا بولغان گىليۇكوزا ئېرىتمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دېكستروز سۈيۇقلۇقىمۇ دېيىلىدۇ.

⑨ ئاناتوكسىن ئۇكولى — كېسەللىك باكتېرىيىسىنىڭ تاشقى زەھەرى ئۇزاق مۇددەت ساقلانغان ياكى خىمىيىلىك دورىلار ئارقىلىق زەھەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئانتىگېنلىق رولى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۆزگەرتەلەيدىغان تاشقى زەھەر ئادەتتە «ئاناتوكسىن» دېيىلىدۇ. بۇ خىل زەھەر ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ تېنىگە ئۇكول قىلىنغاندىن كېيىن سۈنئىي ھالەتتىكى ئاكتىپ ئىممۇنىت كۈچى (يەنى ھەممىباپ بەدەن قۇۋۋىتى)نى پەيدا قىلىدۇ. ئاناتوكسىن ئۇكولى شۇ قانۇنىيەت بويىچە ياسالغان. بۇ ئۇكول يارىنىڭ يالىغلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته




■ 7- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇغا يېقىن بىر جايدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي مەشىق بازىسىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ھۇجۇم ئاۋۋال پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىدىن كېيىن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ مەشىق بازىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن. نەچچە سائەت قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە الله نىڭ پەزلى بىلەن بۇ ئورۇن مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن. 30 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئۆلتۈرۈلۈپ، كۆپلىرى يارىلانغان. قالغانلىرى شەرمەندىلەرچە قاچقان. 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا، بىر دانە دوختۇر ماشىنىسى، قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 7- ئاينىڭ 12- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شەبېلە سەفلا رايونىدىكى دېڭىزغا يېقىن بولغان ماركا دېگەن جايىنى قايتىدىن ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 7- ئاينىڭ 13- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتى باگرام ھەربىي بازىسىنىڭ ئەتراپىدا ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئامېرىكىلىق ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 7- ئاينىڭ 13- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيىنىڭ ھومۇس ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جىدرىين بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بەششار ئەسەد ئەسكىرىدىن بىر نەچچىسى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 7- ئاينىڭ 13- كۈنى كەچتە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى كىبانى رايونىدىكى تاغۇتلارغا قارشى ئىنغىماس ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ئەسكەرلەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، بىر نەپىرى ئەسىرگە چۈشكەن. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ئەمەلىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ساق - سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 7- ئاينىڭ 15- كۈنى كەچ باشلانغان ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان تۈركىيەدىكى ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش ئۇرۇنۇشىدا، ھازىرغا قەدەر ساقچى ۋە خەلقتىن بولۇپ ئۆلگەنلەر سانى 240 كە يەتكەن، 1535 كىشى يارىلانغان. تازىلاش ھەرىكىتىدە 210 ساقچى، 6319 ئەسكەر، 1481 سوتچى ۋە تەپتىش ئەمەلدارى قولغا ئېلىنغان. تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۆز قارمىقىدىكى 9000 غا يېقىن خادىمنى ئىشتىن بوشاتقان. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى رەئىسى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان 7- ئاينىڭ 20- كۈنى (چارشەنبە) دۆلەتنىڭ ئۈچ ئايلىق جىددىي ھالەتكە كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئەردوغان ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش بىلەن ئالاقىسى بار بولغانلارنى تېزدىن تازىلاش ئۈچۈن بۇ قارارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

■ 7- ئاينىڭ 17- كۈنى سۇرىيىنىڭ ھەلەب ئۆلكىسىنىڭ سەفىرا رايونىغا جايلاشقان بەششار ئەسەدنىڭ سارۇخ، ھاۋۇن، ۋارىل (تىككۇچاردىن تاشلايدىغان پارتلىغۇچى ماددا قاچىلانغان تۇڭ)، تانكا، ئايروپىلان قاتارلىقلار بار بولغان بىر چوڭ ئەسكىرىي زاۋۇتىدا پارتلاش يۈز بېرىپ، ئاز دېگەندىمۇ 200 دەك ئەسكەر ئۆلگەن. 15 تانكا، 4 ئايروپىلان ۋەيران بولغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە رۇسنىڭ، ئىراننىڭ ۋە بەششارنىڭ گېنېراللىرىمۇ بار ئىكەن. پارتلاشنىڭ سەۋەبى ھازىرغىچە تېخى نامەلۇم.

■ خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدە قىممىتى 30 مىليون خىتاي يۈەنى (تەخمىنەن 4 مىليون 5 مىڭ دوللار) بولغان بىر سۇ ئۈستى ئايروپىلانى 7- ئاينىڭ 20- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ كۆۋرۈكىگە سوقۇلۇپ، ئايروپىلاندىكى 10 كىشىنىڭ بەشى ئۆلۈپ، بەشى يارىلانغان.

■ 7- ئاينىڭ 19- كۈنى سۇرىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەلەب ئۆلكىسىنىڭ مەنبىج شەھىرىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ھەربىي ئىتتىپاقنىڭ ئايروپىلانلىرى سەيشەنبە كۈنى سەھەر مەنبىج شەھىرىگە قاراشلىق توخار يېزىسىنى بومباردىمان قىلغان. بومباردىماندا قازاغا ئۇچرىغان پۇقرالار سانى 160 قا يەتكەن. بۇلار ئۆيچە دەپنە قىلىنغان.

■ 7- ئاينىڭ 20- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيىنىڭ جەبەل ئەكراد رايونىغا جايلاشقان شىللىف يېزىسىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 7- ئاينىڭ 21- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھەلەب شەھىرىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ساقچى مەركىزىگە تونېل ئارقىلىق بومبا قويۇپ پارتلىتىش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مەزكۇر ساقچى مەركىزىدىكى كۆپلىگەن ساقچىلار ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 7- ئاينىڭ 21- كۈنى ئەتىگەندە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى قەلەزەل رايونىنى فەتھە قىلغان. مەزكۇر رايوننىڭ جېڭى 3 كۈن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئالدى بىلەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ رايوننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئاندىن جەڭ باشلىغان. شىددەتلىك جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە الله نىڭ پەزلى بىلەن بۇ رايون پۈتۈنلەي مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ جەڭدە كۆپلىگەن تاغۇت ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.




### پەلتو

پادىچى ئەھمەد ئاكا دەرتمەن كىشى ئىدى. ئۆزۈش يىللىرىدا ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن، ئوغلى بولسا ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئىدى. شەھەردىكى ئىشىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، بىر يېزىدا پادىچىلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بىر كۈنى يول بويىدا قويلىرىنى ئوتلاتقاچ بىر كېسەل يىگىتنى شەھەرگە ئېلىپ ماڭغان كىشىلەرنى كۆردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بىچارە يىگىت ئەھمەد ئاكىدىنمۇ بەك يېقىر ئىدى. قىسقا بىر چاپاننىڭ ئىچىدە تىترەپ توڭلاپ ياتاتتى. پادىچى ئەھمەد ئاكا يىللاردىن بېرى كىيىۋاتقان پەلتوسىنى سېلىپ، كېسەل يىگىتكە كىيگۈزۈپ قويدى.

كېسەل كۆرستىش ئۈچۈن دوختۇرخانىنىڭ كارىدورىدا قىينىلىپ ئۆچرەت ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بىمار يىگىت توساتتىن بىرىنىڭ ئۆزىگە: «دادا!» دەپ ۋاقىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، كۆز ئالدىدىكى ياش بالىنى تونۇيالمىدى. ئۇنىڭغا «دادا!» دېگەن بالىمۇ مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. ياش بالا:

— كەچۈرۈڭ! ئۈستىڭىزدىكى پەلتونى يىللاردىن بېرى كۆرەلمىگەن دادامنىڭ پەلتوسىغا ئوخشىتىپ، سىزنى دادام دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، — دەپ ئەپۇ سورىدى.

بىمار يىگىت ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بۇ بالىنىڭ ئەھمەد ئاكىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بالىغا ئۇنىڭ خاتا كۆرمىگەنلىكىنى، بۇ پەلتونىڭ ھەقىقەتەن ئەھمەد ئاكىنىڭ پەلتوسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىمار يىگىت كېسىلىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەھمەد ئاكىنىڭ ئوغلى بىلەن بىرلىكتە يېزىغا قايتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ ئېيتقان: «إِنَّ الْحَسَنَةَ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا (بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدۇ)» (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن ھەدىس - شەرىف نەقەدەر توغرا - ھە!

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

«عَيْنَانِ لاَ تَمَسُّهُمَا النَّارُ أَبَدًا: عَيْنٌ بَكَتْ مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَعَيْنٌ بَاتَتْ تَحْرُسُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ» عن أنس (ع الضياء).

ئەنەس رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى خىل كۆزگە مەڭگۈ دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ: بىرى، الله تىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆز؛ يەنە بىرى، الله يولىدا كېچىسى كۆزەتچىلىكتە تۇرغان كۆزدۇر» (ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ).

**ھەدىسنىڭ شەرھىيىسى**

«فيض القدير شرح الجامع الصغير» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ يەردىكى <الله يولىدا> دېگەن سۆز <الله يولىدىكى چېگرادا ياكى قوشۇندا ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلاردا> دېگەنلىكتۇر».

بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە: «كۆزنىڭ الله تىن قورقۇپ يىغلىشى ئوتنىڭ قىزىقلىقىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى ئىنساننىڭ الله تىن قورقۇشى ئىنساننىڭ قەلبىنى كۆيدۈرۈپ يۈرەك مايلىرىنى ئېرىتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ياشلىرى تۆكۈلۈپ مەئسىيەت ئوتلىرى ئۆچىدۇ. بۇ ھەدىستە الله تىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز بىلەن الله يولىدا ھارىستا تۇرغان كۆز كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئەجىردە باراۋەر قىلىنىدى. يىغلىغۇچى بولسا كېچىدە الله تىن قورقۇپ يىغلىغان؛ كۆزەتچىلىك قىلغان كۆز بولسا الله نىڭ دىنىغا دۈشمەنلەرنىڭ زىيان سېلىشىدىن قورقۇپ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەندۇر».

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

**نەخلە قوشۇنى**

ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى رەجەب (مىلادىيە 624- يىلى 1- ئاي)دا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رضي الله عنه نى مۇھاجىرلاردىن 12 كىشى بىلەن نەخلە دېگەن جايغا ئەۋەتتى. ئۇلاردىن ھەر ئىككى كىشى بىردىن تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنىپ ماڭدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ رضي الله عنه غا بىر پارچە خەت يېزىپ تۇتقۇزۇپ، ساق ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئېچىپ كۆرۈپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇغانىدى. ئابدۇللاھ رضي الله عنه سەپەرگە ئاتلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «خېتىمنى ئوقۇغان بولسىڭىز سىز يەنە توختىماي مېڭىپ، تائىف بىلەن مەككە ئوتتۇرىسىدىكى نەخلە دېگەن يەرگە بېرىپ چۈشۈڭ. ئۇ يەردە قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىنى كۆزىتىڭ ۋە بىزگە بۇ توغرۇلۇق مەلۇمات يەتكۈزۈڭ، ۋەسسالام». ئابدۇللاھ رضي الله عنه خەتنى ئوقۇپ: «بولىدۇ، پەرمانبەردارمىز!» دېدى ۋە ھەمراھلىرىغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پەرمانىنى ئوقۇتۇرۇپ: «مەن چوقۇم بارىمەن بىراق سىلەرنى مەجبۇرلىمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بارىدىغان بولدى لېكىن يول داۋامىدا سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بىلەن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان رضي الله عنهما لار نۆۋەتلىشىپ مىنگەن تۆگىسىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ئىككەيلەن ئاشۇ تۆگىنى ئىزلەپ قوشۇندىن كېچىكىپ، ئايرىلىپ قالدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رضي الله عنه ھەمراھلىرى بىلەن توختىماي يول يۈرۈپ، ئاخىرى نەخلە دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يەردىن قۇرەيشلەرنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، ئاشلىق ۋە تىجارەت ماللىرى قاچىلانغان بىر كارۋىنى ئۆتتى. كارۋاندا ئەمر ئىبنى ھەزرەمى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ئىككى ئوغلى ئوسمان ۋە نەۋفەل ھەمدە بەنى مۇغىيرە جەمەتىنىڭ خىزمەتچى قۇلى ھەكەم ئىبنى كەيسانلار بار ئىدى. مۇسۇلمانلار مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «بۈگۈن رەجەپ (ئۇرۇش ھارام قىلىنغان) ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى. ئۇلارغا تېگىش قىلساق، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى بۇزغان بولىمىز. ئەگەر قويۇۋەتسەك ئۇلار بۈگۈن كېچە ھەرەم زېمىنىغا كىرىۋالىدۇ». ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ ئاخىرى قول سېلىش قارارىغا كەلدى - دە، بىرسى ئوقيا بىلەن ئەمرى ئىبنى ھەزرەمىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە ئوسمان بىلەن ھەكەمنى ئەسىر ئالدى. نەۋفەل قېچىپ كەتتى. ئاندىن كارۋاندىكى بارلىق مال - مۈلۈك ۋە ئىككى ئەسىرنى ھەيدەپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ قوشۇننىڭ بۇ تەرىقىدە ھەرىكەت قوللانغانلىقىدىن نارازى بولدى ۋە: «مەن سىلەرنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمىغان ئىدىمغۇ؟!» دەپ كايىدى ھەمدە ئېلىپ كېلىنگەن مال ۋە ئەسىرلەرنى تەسەررۇپ قىلىشتىن توختىتىپ قويدى.

مۇشرىكلار بۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى «الله ھارام قىلغان ئاي - كۈنلەرنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلدى» دەپ جامائەت پىكرى توپلاشقا ئوبدان پۇرسەت تاپتى ۋە بۇ ھەقتە ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتتى. ئاخىرى الله نىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيى نازىل بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ قىلغان جىنايەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغانلىرىغا قارىغاندا خاراكتېرى ئېغىر، ئاقىۋىتى قەبىھ، يامان قىلمىش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھېلىقى پىتنە - ئېغۋا، ئۇسەك سۆزلەرگە كەسكىن رەددىيە بەردى: ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ وَصَدٌّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَكُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِ مِنْهُ أَكْبَرُ عِنْدَ اللَّهِ وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ وَلَا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا وَمَنْ يَرْتَدِدْ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُولَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: <ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟> دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى: <بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ الله نىڭ يولىدىن توسۇش، الله قا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر>. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» (سۈرە بەقەرە217- ئايەت).

بۇ ئايەت مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام قوشۇنى ھەققىدە تارقاتقان ھەر خىل پىتنە - پاسات ئىغۋالىرىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلار جاكارلىغان چۈنكى ئاشۇ مۇقەددەس (ئۇرۇش ھارام قىلىنغان) ئايلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى خالىغانچە ئازابلاپ - قىيناشلىرى بىلەن ئاللىقاچان دەپسەندە قىلىنىپ بولغانىدى. ئەجەبا مۇسۇلمانلار ئاشۇ ھارام قىلىنغان مۇقەددەس ئاي - كۈنلەردە ۋە مەككە زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان چاغدىلا مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىشنى ۋە پەيغەمبىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلمىدىمۇ؟! بۇ ھەرەمنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولماي نېمە؟! ئەجەبا، ئۇ ھارام قىلىنغان زېمىن ۋە ئايلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇقەددەس ئىززەت - ئابرويى ئەمدى بىردىنلا ئەسلىگە كېلىپ قاپتىغۇ؟! ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە قەبىھ جىنايەت بولۇپ قاپتىغۇ؟! شەك - شۈبھىسىزكى، مۇشرىكلارنىڭ ھەدەپ كۆچەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان ھېلىقى ئىغۋالىرى تولىمۇ بىمەنىلىك ۋە يۈزسىزلىكتىن ئۆزگە ئىش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھېلىقى ئىككى ئەسىرنى ۋە كارۋاننى قولىغا ئالدى. قۇرەيش ئوسمان ۋە ھەكەم ئىبنى كەيساننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىزنىڭ ئىككى ھەمراھىمىز (يەنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بىلەن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان) قايتىپ كەلمىگۈچە سىلەرگە بۇ ئىككى ئەسىرنى بەرمەيمىز. بىز سىلەرنىڭ ئىككى قېرىندىشىمىزغا زىيان يەتكۈزۈشۈڭلاردىن ئەنسىرەيمىز. ئەگەر ئىككى ھەمراھىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار، بىزمۇ سىلەرنىڭ بۇ ئىككى ئادىمىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز» دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىيلەن قايتىپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىككى ئەسىرنى قويۇۋەتتى. ھەكەم ئىبنى كەيسان مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ ئىسلامى گۈزەل بولدى ۋە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىئرۇمەئۇنە كۈنى ① شەھىد بولدى ئەمما ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ مەككىگە كېتىپ قالدى ۋە مەككىدە كاپىر ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەمرى ئىبنى ھەزرەمىنىڭ ئىگە - چاقىلىرىغا دىيەت تۆلىمى (قان پۇلى) نى تۆلەپ بەردى. غەنىيمەتتىن 1/5 نى ئايرىدى. بۇ ئىسلام دىنى پارلىغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم 1/5 ى ئايرىلغان غەنىيمەت، تۇنجى ئۆلتۈرۈلگەن ئىنسان ۋە تۇنجى بولۇپ ئەسىر ئېلىنغانلار بولۇپ قالدى.

مانا بۇلار — بەدر ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى قوشۇن ئەۋەتىش ھەرىكەتلىرى ۋە ئېلىپ بېرىلغان غازاتلاردۇر. ھېچقايسىسىدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن (يىراقتىن ھەيۋە كۆرسىتىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئېرىشتىن باشقا) مۇشرىكلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، مۇسادىرە قىلىۋېلىش ۋە ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئەسىر ئېلىش ھادىسىسى سادىر بولمىدى. «نەخلە ۋەقەسى» بولسا مۇشرىكلار جابىر ئىبنى فىھرى باشچىلىقىدا مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن شۇنىڭغا قارىتا ئازراق تەگكۈزۈپ قويۇش بولدى، خالاس.

دېمەك، مۇشرىكلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرغۇن قەبىھ ئەسكىلىكلەرنى قىلغاندىن سىرت، يەنە بۇ قېتىم مۇشتىنى دەسلەپ ئاتقان بولغاچقا، شۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق تەدبىر قوللانماي بولمىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رضي الله عنه قوشۇنىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ غەم - ئەندىشىسى ئەمەلىي خەۋپكە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ بىر خەتەر كۆلەڭگىسى پۇلاڭلاشقا باشلىدى ۋە ئۇلار يۈز بېرىش ئېھتىمالىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقان ئىش ھەقىقەتەن يۈز بەردى. ئۇلار بۇنىڭدىن مەدىنە تەرەپمۇ ئۇخلاپ ياتمىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت - تىۋىشلىرىنى تۇيۇپ تۇرغانلىقىنى ۋە تەخمىنەن 300 كىلومېتىردەك يەرگىچە باستۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەنە ئامان - ئېسەن قايتىپ كېتەلىگۈدەك دەرىجىدە جاسارەتكە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شام بىلەن بولىدىغان سودا - تىجارىتىنىڭ داۋاملىق خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈۋېلىشتى. لېكىن، ئۇلار مۇغەمبەرلىك ۋە مۇشتۇمزورلۇقتىن ھوشىنى يىغىپ (جوھەينە ۋە بەنى زەمرە قەبىلىلىرىدەك) تىنچ ئىتتىپاق ياكى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا يول تۇتمىدى بەلكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئوتىدا تولغىنىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كاتتىۋاش ئەمەلدارلىرى بۇرۇن مۇسۇلمانلارنى «ئۆز مەھەللىسىگە بېرىپ قىرىپ تاشلايمىز» دېگەن تەھدىت شۇئارىنى ئەمەلىيەتتە ئورۇنداش قارارىغا كېلىشتى. مانا بۇ كۆرەڭلىك ئۇلارنى ئاخىرى بەدرگە سۆرەپ چىققانىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

ئىزاھات: ① بىئرۇمەئۇنە كۈنى — ھىجرىيىنىڭ 4- يىلى سەپەر ئېيىدا بىئرۇمەئۇنە دېگەن جايدا 70 ساھابىنىڭ شەھىد قىلىنغان كۈنى.

# پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ - ئېلىۋېلىڭ

**زەنجىۋىل** (زَنْجَبِيلٌ)

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ» (سۈرە ئىنسان 17- ئايەت).

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «رۇمنىڭ پادىشاھى پەيغەمبەر ﷺ گە بىر كۈپ زەنجىۋىل ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەر بىر ئادەمگە بىر ئۆلۈش بەردى، ماڭىمۇ بىر ئۆلۈش بەردى» (مۇستەدرەك توپلىغان).

زەنجىۋىل ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىلىك ھۆل. ئۇ قىزىتقۇچى. تاماقنىڭ ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، قورساقنى مۆتىدىل يۇمشىتىدۇ، سوغۇق ۋە ھۆللۈكتىن بولغان جىگەر توسۇلۇشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى يېسىمۇ ياكى سۈرمە قىلىپ سۈرسىمۇ ھۆللۈكتىن پەيدا بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ ئۈچەي ۋە ئاشقازاندا پەيدا بولغان قاتتىق يەلنى ھەيدەيدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، زەنجىۋىل سوغۇق مىزاجدىن بولغان ئاشقازان ۋە جىگەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنى شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق سۇ بىلەن ئىچسە ئارتۇقچە شىلىمسىمان شۆلگەينى ياخشى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ بەلغەمنى بوشىتىپ ئېرىتىدىغان مەجۇنلار قاتارىغا كىرىدۇ.

چۈچۈمەل زەنجىۋىل قۇرۇق ئىسسىق، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قىزىتىدۇ، تاماق سىڭدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بەدەننى قاپلاپ كەتكەن بەلغەمنى قۇرۇتىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. جىگەر ۋە ئاشقازاننىڭ سوغۇقىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. مېۋە - چېۋە يېگەن سەۋەبتىن پەيدا بولغان ھۆللۈكنى يوقىتىدۇ. ئېغىزنى خۇشپۇراق قىلىدۇ. سوغۇق، قاتتىق يىمەكلىكلەرنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ (إن شاء الله).

# ئائىلىسىكى رېتسېپلار

**قىزىتما**

قىزىتما — بۇ بىر خىل كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، مۇستەقىل كېسەللىك ئەمەس.

قىزىتما — ئومۇمەن ھەر خىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان بەدەن ھارارىتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بەدەندە پەيدا قىلغان ئالامەتكە قاراپ ھەر خىل تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قىزىتمىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇللىرى:

1. سوغۇق سۇغا چىلانغان لۆڭگىنى ياكى مۇزنى پېشانىگە ۋە قولتۇققا قويۇش، بەدەننى سوغۇق سۇغا چىلانغان لۆڭگە بىلەن قىزىتما چۈشكىچە سۈرتۈپ تۇرۇش كېرەك.
2. سوغۇقراق سۇدا يۇيۇنۇش، ھەر قانچە تۇڭلىغاندەك ھېس قىلسىمۇ قېلىن كىيىنمەسلىك، قېلىن يوتقان يېپىنىپ ياتماسلىق، سوغۇقراق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش.
3. تەرخەمەكنى مۇۋاپىق يەپ بەرسە، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ (إن شاء الله).
4. قىزىتمىسى ئۆرلەۋاتقان كىشىلەر نەشپۈت، ئاپېلسىن قاتارلىق سۇلۇق مېۋىلەرنى يېسە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).







# تارىخقا نەزەر

## ئۇبەيدۇللاھخان ۋە مانجۇ - خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئېرىشىشى

ئىبراھىم مەنسۇر

مىلادىيە 1638- يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ئابدۇللاھخان ئىچكى جەھەتتە سوپى - ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان تەھدىدىنىڭ ناھايىتى كۈچىيىپ كېتىشى، تاشقى جەھەتتە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ تاجاۋۇزانە بېسىمىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىشى سەۋەبلىك شەكىللەنگەن دۆلەت خاراكتېرلىك ئومۇمىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىلادىيە 1646- يىلى چىڭ سۇلالىسىغا تايىنىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسەت يۆنىلىشى شۇنداق بولغاچ، مىلادىيە 1649- يىلى ئابدۇللاھخاننىڭ جىيەنى تۇرۇمتاي سۇجۇ (يەنى ھازىر خىتاي قوشۇۋالغان گەنسۇنىڭ جۇجۇ)دا ئىسيان كۆتۈرۈپ، قۇمۇل ۋە كەڭسۇ (يەنى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربى، گەنسۇ، چىڭخەينىڭ ىېرىمى)دا مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرماقچى بولغاندا، ئابدۇللاھخان خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ بۇ قوزغىلاڭنى قاتتىق باستۇردى ھەمتا تۇرۇمتاينىڭ دادىسى بولغان ئۆز ئىنىسى بايخاننى ھەپسىگە ئالدى. تاشقىي سىياسەتتە مانجۇلارغا ناھايىتى مايىل بولغان يەنە بىر ئىنىسى ئوبۇل مۇھەممەدخاننى قۇمۇلغا ۋالىي قىلدى. ئوبۇل مۇھەممەدخان سەئىدىيە خانلىقى جۇڭغار موڭغۇللىرى تەرىپىدىن يىقىتىلغان، بارلىق قېرىنداشلىرى ئۇلارغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان ۋاقىتتىمۇ چىڭ سۇلالىسىگە تايىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تاماسىدا، مانجۇلارنىڭ خانى كاڭشىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، سوۋغا - سالام يوللاپ قويۇپ ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمىدى. 1696- يىلىغا كەلگەندە ئوبۇل مۇھەممەدخاننىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئۇبەيدۇللاھخان چىڭ سۇلالىسىغا ئۆزلۈكىدىن بويسۇندى ۋە مانجۇلاردىن «چىنۋاڭ» ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ — خىتاي چېگرىسى تەۋەسىدە قۇرۇلغان بارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۈتۈپ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ھەربىي - سىياسىي ئارزۇسى ئىدى چۈنكى خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىپ قۇمۇل شەھىرىگە كېلىش ئۈچۈن مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن قۇملۇق، چۆللۈكتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى ۋە ھەر تەرەپلىمە قىيىنچىلىق تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن ئەسكىرىي يۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرالمىغان ئىدى. قۇمۇل ئۇبەيدۇللاھخاننىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزىنى تەييارلايدىغان چوڭ بىر ئەسكىرىي بازىغا ئايلاندى.

قۇمۇل ۋاڭى ئۇبەيدۇللاھخاننىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە قۇمۇل چىنۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن سىرت تۇرپانغا جۇنۋاڭ ۋە ئىلىغا ھاكىمبەگ قىلىنىدى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانخور مانجۇ - خىتايلارغا تايىنىپ ئېغىزغا ئالغۇسىز دەرىجىدە دەپسەندە قىلدى. 1912- يىلى تۆمۈر خەلىپە ۋە مۆيدۈن خەلىپىگە قارشى چىققان قۇمۇل چىنۋاڭى شامەخسۇت ۋە تۇرپان جۇنۋاڭى ئىمىن، 1944- يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى



مەزگىلىدە، جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى ھاكىمبەگ خوجا نەق ئاشۇ قانخور ۋاڭلارنىڭ ئەۋلادى ياكى ۋارىسى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ يەردە زور مىقداردىكى ئەسكەرلەرنى تەمىنلىيەلەيدىغان يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە باشقا ئەسكىرىي لازىمەتلىكلەر بازىسى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە زور مىقداردا ئەسكەر تۇرغۇزدى. بۇنىڭغا تايىنىپ ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قورچاق خوجىلار خاندانلىقىنى 1755- يىلى، جۇڭغار خانلىقىنى 1757- يىلى بېسىۋالدى. 1911- يىلى شەرقىي تۈركىستان مانجۇلاردىن خىتايلارنىڭ قولىغا قېلىپ قالدى.



---

ئىزاھات:

* سەئىدىيە خانلىقى — مىلادىيە 1514- يىلى 9- ئاينىڭ 21- كۈنى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان، مىلادىيە 1682- يىلى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ رەھبىرى ھىدايىتۇللاھ ئىشان جۇڭغار موڭغۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ يىقىتقان.

* چىڭ سۇلالىسى — مىلادىيە 1616- يىلى نۇرخاچ تەرىپىدىن قۇرۇلغان مانجۇلارنىڭ دۆلىتى. مىلادىيە 1911- يىلى سۇنجۇڭشەن باشچىلىقىدىكى خىتايلار يىقىتىپ تاشلىغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| إِنْسَانٌ | ئىنسان، كىشى | هَذَا الإِنْسَانُ شَيْخٌ | بۇ كىشى قېرى |
| أُنَاسٌ | ئىنسانلار، كىشىلەر | هَؤُلَاءِ النَّاسُ شُيُوخٌ | بۇ كىشىلەر قېرى |
| النَّاسُ | ئىنسانلار، خالايىقلار | هَذَا الوَلَدُ صَبِيٌّ | بۇ بالا نارىسىدە |
| شَيْخٌ | بوۋاي، ئۇستاز | هَؤُلَاءِ الأَوْلَادُ صِبْيَانٌ | بۇ بالىلار نارىسىدە |
| شُيُوخٌ | بوۋايلار | أَنْتَ صَبِيٌّ | سەن نارىسىدە ئوغۇل |
| عَجُوزٌ | قېرى ئايال، موماي | أَنْتُم صِبْيَانٌ | سىلەر نارىسىدە ئوغۇللار |
| عَجَائِزُ | قېرى ئاياللار، مومايلار | أَنَا شَيْخٌ | مەن قېرى |
| شَابٌّ | ياش يىگىت | نَحْنُ شُيُوخٌ | بىز قېرى |
| صَبِيٌّ | نارىسىدە ئوغۇل | هَذَا الرَّجُلُ شَيْخٌ | بۇ ئەر قېرى |
| صِبْيَانٌ | نارىسىدە ئوغۇللار | هَؤُلَاءِ الرِّجَالُ شُيُوخٌ | بۇ ئەرلەر قېرى |
| وَلَدٌ | بالا | هَذِهِ الْمَرْأَةُ عَجُوزٌ | بۇ ئايال قېرى |
| أَوْلَادٌ | بالىلار | هَؤُلَاءِ النِّسَاءُ عَجَائِزُ | بۇ ئاياللار قېرى |



# قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىسلام ياشلىرىغا جىددىي چاقىرىق

(سۇلايمان ئەبۇ غەيس)

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر! ئۇ راھمان ۋە رەھىمدۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. مۈلكنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، خالىغان ئادەمدىن تارتىپ ئالىدۇ؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى خار قىلىدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا ۋە ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. دۇرۇت ۋە سالام پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى، مۇتتەقىيلەرنىڭ ئىمامى، يېگانە قوماندان، رەھمەت ۋە جەڭ پەيغەمبىرى، قىيامەت سائىتىگە ئاز ۋاقىت قالغاندا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلگەن ۋە مۇنداق دېگەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولسۇن: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، الله سىلەرگە خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە الله تعالى ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

ئى ياشلار! تۆت سۈيەت باركى، بۇ تۆت سۈپەت سىلەر بولماستىن ھەرىكەتكە كېلەلمەيدۇ ۋە سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار بولماستىن مېۋە بېرەلمەيدۇ. بۇ سۈپەتلەر — ئىمان، ئىخلاس، جاسارەت ۋە ئەمەلدۇر.

﴿وَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ أَقْصَى الْمَدِينَةِ يَسْعَى قَالَ يَا مُوسَى إِنَّ الْمَلَأَ يَأْتَمِرُونَ بِكَ لِيَقْتُلُوكَ فَاخْرُجْ إِنِّي لَكَ مِنَ النَّاصِحِينَ﴾ «بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: <ئى مۇسا، شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىشىۋاتىدۇ، شەھەردىن دەرھال چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن> دېدى» (سۈرە قەسەس 20- ئايەت).

ئىمان بۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى تولدۇرغان، ئىخلاس قەلبىنى پاكلىغان، جاسارەت ۋە غەيرەت تىرىشچانلىقىنى يۈكسەلدۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ جەۋھىرى تۈپتوغرا بىر نەسىھەت قىلغۇچى بولۇش ئىدى.

مانا بۇ ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى سىلەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىڭلار، تىرىشچانلىقى سىلەرگىمۇ پەرزدۇر. قىلغان ئىشى ئۈممەت بېسىپ ئۆتكەن بۇ مۇھىم باسقۇچتا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ئېلىشىڭلار كېرەك بولغان رولدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۈممەتنىڭ سىلەرنى ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى ھەسسە - ھەسسىلەپ ئاشقان. سىلەرنىڭ يەلكەڭلەردە تۇرۇۋاتقان ئۈممەتنىڭ ئامانىتى ھەر قاچاندىكىدىنمۇ كۆپ.

ئى ياشلار! بۇ ئەكس سادالىق توۋلاشلار، پۈتمەس - تۈگىمەس ۋەقەلەر، كەينى - كەينىدىن كەلگەن پالاكەتلەر... بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبى بىز تۇرۇۋاتقان قاراڭغۇ كېچىدۇر ۋە ئۈممەتىمىزنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن ئۆلتۈرگۈچى يارىلاردۇر. ئەگەر الله يولىدىكى جىھادنى تەرك قىلمىغان بولساق ئىدۇق، بۇنىڭ ھېچبىرى بېشىمىزغا كەلمەس ئىدى. قەلبلىرىمىز دۇنيا سۆيگۈسىگە چۆكتى، ئۆلۈمدىن يىرگەندۇق. خوش، ئاقىۋىتىمىز قانداق بولدى؟

قەلبىمىزنى قاپلىغان بىر قورقۇنچ، بېشىمىزنى ئەگدۈرگەن بىر خارلىق، بۇرنىمىزنى سۈرتكەن بىر قەدىرسىزلىك، غورۇرىمىزنى سۇندۇرغان بىر بۇزغۇنچىلىق ۋە زەئىپلىكنىڭ ھەممە ھالىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ۋەزىيەت بىلىڭلاركى پەقەت ۋە پەقەت ئىخلاسمەن تىرىشچانلىقىڭلار بىلەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئۆزۈڭلارنى ئاتىشىڭلار، جىھاد قىلىشىڭلار ۋە بوران - چاپقۇن، سەلگە قارشى الله تعالى نىڭ بۇ سۆزىنى جاكارلاپ تۇرۇشۇڭلار بىلەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن: ﴿قَالَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُمْ مُلَاقُو اللَّهِ كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن الله قا مۇلاقەت بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: <الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائەنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ> دېدى، الله چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر» (سۈرە بەقەرە 249- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۈممەتنىڭ ھالىغا، خەلقىڭلارغا، جەمئىيىتىڭلارغا بىر قاراپ بېقىڭلار. مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇشىمىزدىن باشقا بىرەر نەرسە كۆرەلەمسىلەر؟! پەرۋەردىگارىمىزنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا شەرىئەتلەرگە مەھكۇم شەھۋەت كەينىدىن يۈگۈرگەن بوپتۇق، زېمىنلىرىمىز چەيلىنىپتۇ، نومۇسلىرىمىزغا تېگىلىپتۇ، ماللىرىمىز تارتىۋېلىنىپتۇ، دۆلەتلىرىمىزدە دىنىمىزنىڭ شەرىئىتى ئۆتمەس بوپتۇ، ئاچچىق ئەلەمدىن قۇتۇلغان بىرەر كىشىنى كۆرەلەمسىلەر؟! مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن، پۈتۈن ئەزالىرىمىزغىچە قىلغان خىيانەتنىڭ زىيىنىدىن باشقا بىزگە نېمە قالدى؟ ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرگەن كارامىتىمىز قايسى كارامەت؟ ئۆزىمىزنى گوللاپ يۈرگەن شەرىپىمىز قايسى شەرەپ؟ دۈشمەنلىرىمىزدىن تەلەپ قىلغان تىنچلىقىمىز قايسى تىنچلىق؟ قايسى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمىز؟ ھەم ئاندىن كېيىن نېمە سەۋەبتىن قورقىمىز؟ نېمە ئۈچۈن قورقىمىز؟ كىمدىن قورقۇۋاتىمىز ۋە قاچانغىچە قورقىمىز؟ سويۇلغاندىن كېيىن قوزىغا قاسساپنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

﴿إِنَّمَا ذَلِكُمُ الشَّيْطَانُ يُخَوِّفُ أَوْلِيَاءَهُ فَلَا تَخَافُوهُمْ وَخَافُونِ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ «ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستىنى (يەنى كۇپپارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار» (سۈرە ئال ئىمران 175- ئايەت).

ئى ياشلار! بوسۇغىمىزدىكى بۇ ۋەيران قىلغۇچى جەڭ پەقەت جىسمىمىزنى ئېلىپ بەدەنلىرىمىزنى پارچىلاپلا قالمايدۇ بەلكى ئۇنىڭ يەنە بىر مەقسىتى زېمىننى بالالارغا گىرىپتار قىلىشتۇر. زېمىنلىرىمىزنى چەيلەش، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاش، ئىسلام دۇنياسىنى يەھۇدىي ۋە ئەھلى سەلىبلەرنىڭ مەنپەئەتىدە بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشتۇر. بۇ جەڭ ئويلىنىشىمىزغا پۇرسەت بەرمىگۈدەك دەرىجىدە سىلەرگە يېقىن. تاللاش ھەققىمىز يوق. نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى قارار قىلغۇچىلىك ياكى بىزدىن تەلەپ قىلىنغاننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشلىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغانچىلىك بىرەر مۆھلەت بەرمەيدۇ.

ئى ياشلار! بۈگۈن قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان يېگانە بىر ئىش بار، ئىككىنچى بىر تاللاش يوق. ئۇنىڭسىز قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بولسىمۇ جىھادتۇر.

﴿فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَسَى اللَّهُ أَنْ يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنْكِيلًا﴾ «ئى مۇھەممەد ﷺ! الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن، (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن) ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگىن، سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن. مۇئمىنلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرغىن، الله نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسۇدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، الله نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، الله نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر» (سۈرە نىسا 84- ئايەت).

بىز يۈزمۇيۈز تۇرىدىغان بۇ دۈشمەن — يەھۇدىي ۋە ئەھلى سەلىبلەر ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىشقان بىر دۈشمەندۇر. ھېچكىم ئۇلارنىڭ كۇفرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا زەررىچىلىك بىرەر شەك ئىچىدە ئەمەس. شۇنداقلا بىزلەرگە (مۇسۇلمانلارغا) قانچىلىك دەرىجىدە دۈشمەن ئىكەنلىكى، بىزنىڭ يىلتىزىمىزنى قۇرۇتۇشقا قانچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ئاشكارىدۇر. نىشانى ۋە مەقسىتى ئوپئوچۇق، نىيىتى چۈشىنىشلىكتۇر. نىيەتلىرىنى بايان قىلىشتىن تارتىنىپ قېلىشمايۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن خۇشال بولۇشۇۋاتىدۇ، مەقسىتىگە يېتىش يولىدا توسالغۇ بولغان ھەركىمگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشۋاتىدۇ.

ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەت ۋە الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدۇر. كىمكى ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا، بىر ئېغىز سۆز بىلەن بولسىمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلسا ۋە ئارقا تىرەك بولسا، ئىسلام ئۈممىتىگە جەڭ ئېلان قىلغان ۋە كۇفرىغا چۈشكەن بولىدۇ.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين